# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى چىقىشقا سۇنۇلىدىغان ھۆججەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇرغۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆججەتنى ھەقىقىي ياخشى تۈزۈش كېرەك، دەپ قارىدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تېرەك بولۇۋاتقان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلنى پۇختىلاش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۇرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي، قېلىپلاشقان، يۈرۈشتۈرۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۈنىۋېرسال ئىدارە قىلىش، مەنبەدىن ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ باش نىشانى — پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىششىق يېتىلدۇرۇش، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش؛ 2035 ـ يىلغا بارغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، ئىنچىكە تەشكىللەپ، يىراق بىلەن يېقىننى بىرلەشتۈرۈش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنى ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمنى ھۆرمەتلەش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# شى جىنپىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو جەنۇب ـ جەنۇب ھەمكارلىقىنى پائال چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى بىلەن چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ياخشى تەدبىر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۈنجى نۆۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇنبىرىنى گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاپپاراتى بىلەن ئورتاق ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ۋە تەجرىبىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

# «سالام خەت»نى ياخشى ئوقۇش «ئائىلە ئىشى»نى ياخشى قىلىش

—— كېرىيە ناھىيەلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئامىنە شېرىپ توغرىسىدا

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

**ئەتراپىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز چېن چېن

ئۇ كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىنى ئارىلاپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى، ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىن مۇھەببىتى بىلەن ھەربىر ئەرزىيەت قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، چىن قەلبى بىلەن ئاممىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندۈردى ... ئۇ دەل ئاما تەرىپىدىن يېقىملىق ھالدا «مېھرىبان ئاچا» دەپ تەرىپلەنگەن كېرىيە ناھىيەلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ئامىنە شېرىپ.

ئامىنەنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 16 يىل بولدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى سالام خەت، ئاما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئائىلە ئىشى، ئاما خىزمىتىنى ئائىلە ئىگىلىكى دەپ بىلىپ، «سالام خەت»نى ياخشى ئوقۇش، «ئائىلە ئىشى»نى ياخشى بېجىرىش، «ئائىلە ئىگىلىكى»نى ياخشى قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ كەلدى.

2008 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئامىنەنىڭ قىزى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، قىزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە، بىر موماينىڭ يول بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، توختاپ مومايدىن ئەھۋال سورىدى. موماينىڭ ئىسمى ئايشەمخان تۆمۈر بولۇپ، مۇغاللا بازىرى باشقاچۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىكەن، كۆز گۆھرىگە ئاق چۈشكەن، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، ۋاقتىدا داۋالىنالمىغان، ھازىر كۆزى ئېنىق كۆرەلمىگەنلىكتىن، بەك تەت ـ تەت بولغان ئىكەن.

ئامىنە ئويلاپ ئولتۇرمايلا قىزىنى داۋالىتىشقا تەييارلىغان پۇلنى چىقىرىپ، ئايشەمخاننىڭ دوختۇرخانىدا يېتىش پۇلىنى تۆلەپ بەردى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ قىزىنى ئېرىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى مومايىنى داۋالىتىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چاپتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئايشەمخانغا ياردەملىشىپ قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئايشەمخاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلدۇردى.

زو تىڭفاڭ كېرىيە ناھىيەسىگە سىرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچى بولۇپ، ئېرى بىلەن ناھىيە بازىرىدا ئۆي جاھازلىرى دۇكىنى ئاچاتتى.

زو تىڭفاڭنىڭ ئېرى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، دەپ دىياگنوز قويۇلۇپ پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرغان 180 مىڭ يۈەن پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ئامالسىز قالغان زو تىڭفاڭ سىناپ بېقىش خىيالىدا ئامىنەنى ئىزدەپ كەلدى. زو تىڭفاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئامىنە كېچىلەپ تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىپ، ئۈچ كۈندىلا 50 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئامىنەنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىز قوغلاپ سۆيلىشى بىلەن، ئاخىرى بارلىق قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

لېكىن زو تىڭفاڭنىڭ تىرىشچانلىقى ئېرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئېرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، زو تىڭفاڭ بىرمەھەل گاڭگىراپ قالدى. ئامىنە قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالغان زو تىڭفاڭغا ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ زو تىڭفاڭنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «روھلۇق بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلا قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مەن سىزنىڭ كېرىيەدىكى ئۆز ئاچىڭىز».

ئامىنەنىڭ سەممىي ياردىمىدە زو تىڭفاڭ غايەت زور ئازاب ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئامىنە ئاچام ھەقىقىي تۇردە خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان ياخشى كادىر، ئۇ مېنىڭ ئۆز ئاچام».

ئامىنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئەڭ گۈزەل ئەرزىيەت كادىرى، مەملىكەت بويىچە ئەرزىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇر قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.

# ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ھازىر ئۆي ـ مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى تېز بېجىرگىلى بولىدىكەن، يەنە تېخى ئادىمىلىك جەھەتتىن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن!» دېدى يۈ جېنشىن.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، قاراماي شەھىرى ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىدىن باشلاپ تۇتۇش قىلىپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، قاراماي ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسى، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى كۆچمە ئابونچىلار تېرمىنالى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتۈپ تورلاشتۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۇچۇر ئالاقىسى، سانلىق مەلۇماتلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، «سانلىق مەلۇماتتىن كۆپ پايدىلىنىش» «ئاما ئاز قاتراش» ھەتتا «قاتىرماسلىق» نى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت زالىغا كىرگەن 70%تىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئىشلىرىدا «بىر كۆزنەك»تە تولۇق ئايرىپ قوبۇل قىلىپ بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاما ئىنكاس قىلغان ئىش بېجىرىش قىيىن بولۇش، ئىش بېجىرىش ئاستا بولۇش، كۆپ تەرەپكە قاتراش، ئۇياق ـ بۇياققا قاتراش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىمىز.

ئاقسۇ ۋىلايىتى «ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ‹قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش› ئىسلاھاتىدىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەت لايىھەسى»نى تۈزۈپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالماسلىق، قىلىدىغاننى قىلماسلىق مەسىلىلىرىنى تۈزەشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىغا كىرگۈزۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«كۆپ نۇقتىدا بېجىرگىلى بولۇش» «ھۆكۈمەت ئىشلىرى تاللا بازىرى» پىكىر يولى بويىچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزى (ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى) «بىرلا ئىشىكتىن كىرىش» ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت زاللىرىدا خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان سۇ، توك، گاز، پار، پۇل مۇئامىلە، خەۋەرلىشىش، نېفىت قاتارلىق كارخانىلارنىڭ خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت نۇقتىلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، كارخانىلار، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. سۇ، توك، گاز، پارنى ئورنىتىشقا يوللاش كەسپىنى زالغا كىرگۈزۈپ مەركەزلىك بېجىرىش ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئورنىتىشقا يوللاش رەسمىيىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئورنىتىشقا يوللاش ۋاقتى چېكى قىسقارتىلدى؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھالقىلىرىدىكى ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتىنى زالغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇندى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھالقىلىرى تۇتاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى شۇ دەرىجىلىك 53 ئورۇن (كارخانا) ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت زالىغا كىرگۈزۈلدى، ئورۇنلارنىڭ كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى 100%كە يەتتى، ئىشلارنىڭ كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى 98%كە يەتتى؛ ناھىيە (شەھەر)لىك تارماقلارنىڭ ھەم ئىشلارنىڭ كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90%تىن ئېشىپ، كارخانىلار ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىش ئېھتىياجى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قاندۇرۇلدى.

# مارالبېشىدا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇخبىر بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىگە كېلىپ، بۇ يەرنىڭ سۇ، توك، پار، يول، گاز، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، تور قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەت مەيدانى، يەسلى، مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى، كەچلىك بازار قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنىڭمۇ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

نامرات ئائىلىلەرنىڭ كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مارالبېشى ناھىيەسى كۆچۈرۈش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تور قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، خەلقنى بېيىتىش كەسپىلىرىنى ماس قەدەمدە پىلانلاپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى جىڭ جيەنخۇا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەھەللە «يېزا ـ كەنت سېخى»نى كىرگۈزۈپ، «كارخانا + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسى ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەتنى سېتىۋېلىشى ئارقىلىق، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر ئارىسىدىن ئادەم قوبۇل قىلىپ، ئامانلىق ساقلاش، كۆكەرتىش، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھام بېرىپ، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ تاللا بازىرى ئېچىش، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى ئېچىش ھەمدە بېزەكچىلىك، كەپشەرلەش، ياغاچچىلىق، ترانسپورت مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 78 پارنىك ياساپ، كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە ئىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى، پارنىكتا ئىشلەۋاتقان كۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ ئائىلىلىك مائاشى 2000 يۈەندىن 2500 يۈەنگىچە بولدى.

«مەن كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەھەللىنىڭ ياردىمىدە مارالبېشى ناھىيەسى خېخۇڭ كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ ئىشلىدىم، ھەر ئايلىق كىرىمىم 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ. ئېرىم بېزەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر يىلدا 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ» دېدى مەرەم تولۇپ تاشقان ئۈمىد بىلەن.

نۆۋەتتە، بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىدە «بىر ئائىلىدە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش» «بىر ئائىلىدە كۆپ ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش» نىشانى ئەمەلگە ئاشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «زامانغا لايىق ـ ھاياتىي كۈچ تېپىدىكى، سودا ـ ساياھەت يۇغۇرما تەرەققىيات تېپىدىكى، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت تېپىدىكى» كېچىلىك ئىقتىساد ھالىتىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈم كېچىلىك ئىقتىساد ۋاستىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئوچۇق، تەرتىپلىك، جانلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك كېچىلىك ئىقتىساد مۇھىتى يارىتىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كېچىلىك ئىقتىساد سىستېمىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارالمىلار تەتقىق قىلىندى.